# ناماز ئوقۇش قائىدىسى


| بامدات نامىزى | پېشىن نامىزى | ئەسىر نامىزى | شام نامىزى | خۇپتەن نامىزى |
|---|---|---|---|---|
| ئىككى رەكەت سۈننەت | تۆت رەكەت سۈننەت | تۆت رەكەت پەرز | ئۈچ رەكەت پەرز | تۆت رەكەت پەرز |
| ئىككى رەكەت پەرز | تۆت رەكەت پەرز | | ئىككى رەكەت سۈننەت | ئىككى رەكەت سۈننەت |
| | ئىككى رەكەت سۈننەت | | | ئۈچ رەكەت ۋىتىر |


## بامدات نامىزى

بامدات نامىزى ئىككى رەكەت سۈننەت ۋە ئىككى رەكەت پەرزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بامدات نامىزىنى تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىتتىن كۈن چىقىشقا باشلىغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا، (ۋاقىتىدا ئوقۇيالمىغانلار كۈن تولۇق چىقىپ بولغاندىن كېيىن) ئوقۇسا بولىدۇ، ئەمما كۈن چىقىۋاتقاندا، يەنى كۈن قىزىل ۋاقىتىدا ئوقۇشقا بولمايدۇ.

ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان پاكىز يەردە قىبلىگە يۈزلىنىپ تىك تۇرۇپ نامازغا ھازىرلىنىمىز. ئاۋۋال بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى ئاندىن ئىككى رەكەت پەرزى ئوقۇلىدۇ. تۆۋەندە بامدات نامىزىنىڭ ئومۇمى جەريانى، ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر ۋە ھەرىكەت شەكىللىرى رەسىملەر بىلەن بىرلىكتە بېرىلدى.

## بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتى






كۆزلىرىمىز سەجدە قىلىنىدىغان يەرگە تىكىلگەن ھالدا بەدىنىمىزنى رۇسلاپ، « نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلىمىز، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ (قىزلار ئىككى قولىمىزنى ئىككى مۈرىمىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈپ، ئوغۇللار قوللىرىمىزنى ئالقانلىرىمىز قىبلىگە قارىغان ھالدا قۇلاقنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئۈستىگىچە كۆتۈرۈپ) نامازنى باشلايمىز.

----------------






قوللىرىمىزنى چۈشۈرۈپ «سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋەتەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە» دەيمىز، (قىزلار بارماقلىرىنى ھىملەپ، قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە، ئوغۇللار قوللىرىمىزنى كىندىكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قول باغلاپ تۇرىمىز، ئوڭ قول سول قولنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.)
«ئەئۇزۇبىللا ھىمىنەششەيتانىررەجىم،
بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم» دەپ «فاتىھە سۈرەسى» نى ئوقۇشقا باشلايمىز، ئوقۇپ بولۇپ، «ئامىن» دەيمىز، ئاندىن ناماز سۈرىلىرىدىن بىرنى ئوقۇپ، ئاخىرىدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ...

( ناماز سۈرىلىرىنى بۇ ئادرېستىن چۈشۈرۈڭ!)
http://www.meripet.org/islam/namaz/namaz_sureleri






... رۇكۇغا بارىمىز.
رۇكۇدا تۇرغاندا «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» نى ئەڭ ئاز بولغاندا
ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.
(قوللار تىزنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ، قىزلارنىڭ بارماقلىرى
ھىملەشكەن ھالدا تۇرىدۇ. )

----------------





«سەمىئاللاھۇلىمەن ھەمىدە» دەپ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ
بىلىمىزنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇپ، كۆزلىرىمىز سەجدە
قىلىنىدىغان يەرگە تىكىلگەن ھالدا «رەببەنا
ۋەلەكەلھەمدۇ» نى بىر قېتىم دېگەندىن كېيىن،

----------------





«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» نى
ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز. (سەجدىدە قوللىرىمىز بارماقلىرىمىز
ھىملەنگەن ھالدا يۈزىمىزنىڭ ئىككى يېقىدا، پۇتلارنىڭ ئۇچى يەرگە
چىڭ تەگكەن ھالدا بىر بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. ئوغۇللارنىڭ قولىنىڭ
جەينىكى يەرگە تەگمەيدۇ، شۇنداقلا قورساققىمۇ تەگمەيدۇ. قىزلارنىڭ
جەينىكى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ.)

----------------





«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىرىنچى سەجدىدىن بېشىمىزنى
كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ «رەببىغفىرلى ۋەرھەمنى ۋە ئافىنى ۋەھدىنى
ۋەرزۇقنى» دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز (بۇنى بىلمىگەنلەر بىر نەرسە
ئوقۇماستىن رۇس ئولتۇرۇۋېتىپ ئىككىنچى سەجدىگە ئۆتۈپ
كەتسىمۇ بولىدۇ). (بۇ ۋاقىتتا سول پۇتىمىز ئوڭ تەرەپكە
ياتقۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمىز. ئوڭ پۇتىمىزنى
بارماقلىرىنىڭ ئاستى يەرگە تەگكەن ھالدا ياندا قويىمىز.)

----------------






«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، «سۇبھانە
رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز .«ئاللاھۇ ئەكبەر»
دەپ سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ،

----------------



ئورنىمىزدىن تۇرىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى رەكەتنى
باشلىغان بولىمىز . «بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم» دەپ،
«فاتىھە سۈرىسى» نى ئوقۇشقا باشلايمىز، «فاتىھە سۈرەسى»
نى ئوقۇپ بولۇپ، «ئامىن» دەيمىز،
ئاندىن «ناماز سۈرىلىرى» دىن بىرنى ئوقۇپ، ئاخىرىدا
«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ...


ناماز سۈرىلىرىنى بۇ ئادرىستىن چۈشۈرۈڭ!
http://www.meripet.org/islam/namaz/namaz_sureleri



----------------




... رۇكۇغا بارىمىز.
رۇكۇدا تۇرغاندا «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» نى ئۈچ قېتىم
ئوقۇيمىز.



----------------



«سەمىئاللاھۇلىمەن ھەمىدە» دەپ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ
بىلىمىزنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇپ «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» نى
بىر قېتىم دېگەندىن كېيىن،



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، «سۇبھانە
رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.



----------------





«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بىرىنچى سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ «رەببىغفىرلى ۋەرھەمنى ۋە ئافىنى ۋەھدىنى ۋەرزۇقنى» دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز (بۇنى بىلمىگەنلەر بىر نەرسە ئوقۇماستىن رۇس ئولتۇرۇۋېتىپ ئىككىنچى سەجدىگە ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولىدۇ).

----------------





«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىگە بېرىپ، «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.

----------------






«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، «ئەتتەھىيياتۇ»، «ئاللاھۇمە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇمە بارىك ئالا»، «راببەنا» دۇئالىرىنى ئوقۇيمىز .

بۇ دۇئالارنى بۇ ئادرىستىن چۈشۈرۈڭ!
http://www.meripet.org/islam/namaz/namaz_sureleri

----------------





دۇئالارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال يۈزىمىزنى ئوڭ تەرەپكە بۇراپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بىرىمىز، ئاندىن كېيىن سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دەپ سالام بىرىمىز .

------------------------------

بۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولغان بولىمىز.

## ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن!

ئىسلام بىلىملىرى باغچىسى


مەرىپەت
Meripet.orG

©2009 www.meripet.org


# بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزى

بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بەدىنىمىزنى رۇسلاپ تۇرۇپ «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، ئەشھەدۇئەللائىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇئەللائىلاھە ئىللەللاھ ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ ، ھەييەئەلسسالاھ ، ھەييەئەلسسالاھ ، ھەييەئەلەلفەلاھ ، ھەييەئەلەلفەلاھ ، قەد قامەتىسسالاھ ، قەد قامەتىسسالاھ ، ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، لائىلاھەئىللەللاھ» دەپ تەكبىر ئېيتىمىز (تەكبىر پەقەت ئوغۇللارغىلا خاس ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ). ئاندىن ...

------------------



كۆزلىرىمىز سەجدە قىلىنىدىغان يەرگە تىكىلگەن ھالدا بەدىنىمىزنى رۇسلاپ، « نىيەت قىلدىم ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى ئوقۇشقا» دەپ نىيەت قىلىمىز، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ (قىزلار ئىككى قولىمىزنى ئىككى مۈرىمىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈپ، ئوغۇللار قوللىرىمىزنى ئالقانلىرىمىز قىبلىگە قارىغان ھالدا قۇلاقنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئۈستىگىچە كۆتۈرۈپ) نامازنى باشلايمىز.




----------------




قوللىرىمىزنى چۈشۈرۈپ «سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ۋەتەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە» دەيمىز، (قىزلار بارماقلىرىنى ھىملەپ، قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە، ئوغۇللار قوللىرىمىزنى كىندىكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قول باغلاپ تۇرىمىز، ئوڭ قول سول قولنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.) «ئەئۇزۇبىللا ھىمىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم» دەپ «فاتىھە سۈرەسى» نى (ئوغۇللار ئۈنلۈك) ئوقۇشقا باشلايمىز، ئوقۇپ بولۇپ، «ئامىن» دەيمىز، ئاندىن ناماز سۈرىلىرىدىن بىرنى (ئوغۇللار ئۈنلۈك) ئوقۇپ، ئاخىرىدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ...

( ناماز سۈرىلىرىنى بۇ ئادرىستىن چۈشۈرۈڭ!)

http://www.meripet.org/islam/namaz/namaz_sureleri




----------------



... رۇكۇغا بارىمىز.

رۇكۇدا تۇرغاندا «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.


(قوللار تىزنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، قىزلارنىڭ بارماقلىرى ھىملەشكەن ھالدا تۇرىدۇ)



----------------



«سەمىئاللاھۇلىمەن ھەمىدە» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ بىلىمىزنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇپ «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» نى بىر قېتىم دېگەندىن كېيىن،



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىگە بېرىپ، «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز. (سەجدىدە قوللىرىمىز بارماقلىرىمىز ھىملەنگەن ھالدا يۈزىمىزنىڭ ئىككى يېقىدا، پۇتلارنىڭ ئۇچى يەرگە چىڭ تەگكەن ھالدا بىر بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ. ئوغۇللارنىڭ قولىنىڭ جەينىكى يەرگە تەگمەيدۇ، شۇنداقلا قۇرساققىمۇ تەگمەيدۇ. قىزلارنىڭ جەينىكى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ.)



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ بىرىنچى سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ «رەببىغفىرلى ۋەرھەمنى ۋە ئافىنى ۋەھدىنى ۋەرزۇقنى» دېگەن دۇئانى ئوقۇيمىز (بۇنى بىلمىگەنلەر بىر نەرسە ئوقۇماستىن رۇس ئولتۇرۇۋېتىپ ئىككىنچى سەجدىگە ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولىدۇ). (بۇ ۋاقىتتا سول پۇتىمىز ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمىز. ئوڭ پۇتىمىزنى بارماقلىرىنىڭ ئاستى يەرگە تەگكەن ھالدا ياندا قويىمىز.)



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىگە بېرىپ، «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز .«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ،




----------------



ئورنىمىزدىن تۇرىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى رەكەتنى باشلىغان بولىمىز. «بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم» دەپ، «فاتىھە سۈرىسى» نى (ئوغۇللار ئۈنلۈك) ئوقۇشقا باشلايمىز، ئۇنى ئوقۇپ بولۇپ، «ئامىن» دەيمىز، ئاندىن «ناماز سۈرىلىرى» دىن بىرنى (ئوغۇللار ئۈنلۈك) ئوقۇيمىز،

ناماز سۈرىلىرىنى بۇ ئادرىستىن چۈشۈرۈڭ!


http://www.meripet.org/islam/namaz/namaz_sureleri



----------------




ئاخىرىدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ رۇكۇغا بارىمىز.
رۇكۇدا تۇرغاندا «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.



----------------



«سەمىئاللاھۇلىمەن ھەمىدە» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ بىلىمىزنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇپ «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» نى بىر قېتىم دېگەندىن كېيىن،



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىگە بېرىپ،
«سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىدىن بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ

تەكرار



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىگە بېرىپ،
«سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇيمىز.



----------------



«ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئوغۇللار ئۈنلۈك) دەپ سەجدىدىن
بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن،
«ئەتتەھىييياتۇ»، «ئاللاھۇمە سەللى ئەلا»، «ئاللاھۇمە
بارىك ئالا»، «راببەنا» دۇئالىرىنى ئوقۇيمىز .

بۇ دۇئالارنى بۇ ئادرىستىن چۈشۈرۈڭ!
http://www.meripet.org/islam/namaz/namaz_sureleri



----------------



دۇئالارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال يۈزىمىزنى ئوڭ
تەرەپكە بۇراپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» (ئوغۇللار
ئۈنلۈك) دەپ سالام بېرىمىز، ئاندىن كېيىن سول تەرەپكە
بۇرۇلۇپ «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» (ئوغۇللار
ئۈنلۈك) دەپ سالام بېرىمىز .



----------------------------

بۇنىڭ بىلەن بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى ئوقۇپ بولغان بولىمىز.



**دۇئا قىلىمىز ۋە بامدات**
**نامىزنى تاماملايمىز.**



# ئاللاھ قوبۇل قىلغاي!

مەرىپەت تورى

ئىسلام بىلىملىرى باغچىسى

www.meripet.org/islam

©2009 www.meripet.org